# ئۇيغۇرچە توربەت ياساش تېخنىكىسى

## تەييارلىق

سىز توربەت ياساش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشىڭىز كېرەك.

1. ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش سىستېمىسى ( يەنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلى). ئەڭ ياخشىسى ۋىندوۋسنىڭ بىۋاستە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان سىستېمىلارنى ئىشلىتىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز. مەسىلەن: ئۇيغۇر سوفت, ئالماس سوفت, بىلگىيارنىڭ كىرگۈزۈش ئۇسۇللىرى ياكى ئۇيغۇر لىنۇكس توربېكىتىدىكى ھەقسىز تەمىنلەنگەن ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى ئىشلەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇلار يۇنىكودى( unicode كۆپ خىل يېزىقنى قوللايدىغان خەت نۇسخىسى)نى قوللايدۇ.

2. ئۇيغۇرچە خەت نۇسخىسى. يۇنىكودى خەت نۇسخىسى ئىشلىتىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئادەتتە ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى بىلەن خەت نۇسخىسى بىرگە تەمىنلەنگەن بولىدۇ. يەنى كىلىپ يۇقاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن كىرگۈزۈش ئۇسۇللىرىنىڭ خەت نوسخىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر يۇنىكودى خەت نۇسخىسىنىڭ 3.1 دىن يۇقۇرى نەشرىنى ئىشلەتسىڭىز ئۇيغۇر يېزىقىنى بىۋاستە قوللايدۇ.

3. توربەت تەھرىرلەش قۇراللىرى. Microsoft word, microsoft front page, Microsoft visual inter dev ,macro media dreamware ... قاتارلىقلار. ئۇيغۇرچە توربەت تەھرىرلەشتە front page نى ئىشلىتىشىڭىزنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

1) ئەگەر تۈزمەكچى بولغان تور بېتىڭىز تېكىست بولسا ياكى خەت كۆپرەك بولسا word نى ئىشلىتىڭ ئۇ سىزنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىقنى بىمالال تەھرىرلىشىڭىزگە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

2) ئەگەر لايىھەلىمەكچى بولغىنىڭىز ASP تور بېتى بولسا visual inter dev نى ئىشلىتىڭ. ئۇ سىزنىڭ پىروگراما يېزىشىڭىز ۋە پىروگراما كودىنى تەكشۈرۈشىڭىزگە زور قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

3) ئەگەر لايىھەلىمەكچى بولغىنىڭىز يۇقۇرى سەۋىيەلىك تور بەت بولسا dreamware نى ئىشلىتىڭ. ئەمما ئۇ ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىمايدۇ.

4) ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا front page نى ئىشلىتىڭ. باشقا يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلىتىپ تور بەت تۈزسىڭىزمۇ ئۇيغۇر يېزىقىغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى يەنە مۇشۇ يۇمشاق دېتالدىن پايدىلىنىپ تەھرىرلىسىڭىز بولىدۇ.

4. تور بەتكە كېرەكلىك خام ماتېرىيال. بۇنىڭدا ئەڭ ئاساسلىق كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى مەزمۇن. ماقالە، رەسىم، ئاۋاز، فىلىم ۋە باشقىلار. ئالدى بىلەن سىزدە لاھىيە بۇلىشى كېرەك. لاھىيە پەقەت كاللىڭىزدىلا بۇلۇپ قالماي قەغەز يۈزىدە سىستېمىلىق ئەكس ئېتىشى كېرەك.


## Microsoft word XP ئارقىلىق تور بەت تۈزۈش.

گەرچە Microsoft word كەسپىي توربەت لايىھەلەش يۇمشاق دېتالى بولمىسىمۇ بىراق تەھرىرلەنگەن يېزىق ھۆججىتىنى توربەت شەكلى (HTML) دە ساقلاش ئىقتدارى بار.


Word تا يىڭى بەت ئاچقاندىن كېيىن قۇرال تالچىسىدىن خەت نۇسخىسىنى ئۆزىڭىزدە بار ئۇيغۇرچە خەت نۇسخىسى قىلىپ تاللاڭ 

.

كىرگۈزۈش يۆنىلىشىنى ئىڭدىن سولغا  قىلىپ تاللاڭ. ئەگەر بۇ بەلگە قۇرال تالچىسىدا كۆرۈنمىسە قۇرال تالچىسىنىڭ بوش يېرىگە مائۇسنىڭ ئوڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ ئۆزى بەلگىلەشتىن ئۆزى بەلگىلەش كۆزنىكىنى ئېچىڭ.




سول تەرەپتىن فورمات تۈرىنى تاللاپ ئوڭ تەرەپتىكى رامكىدىن ئۆڭدىن سولغا يۆنىلىش بەلگىسىنى تاللاپ سۆرەپ قۇرال تالچىسىنىڭ بوش يېرىگە ئاپىرىپ قويسىڭىز بولىدۇ.




ۋىندوۋسنىڭ ۋەزىپە ستونىدىن ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش ھالىتىنى تاللاپ قويۇپ يېزىق كىرگۈزۈشكە باشلىسىڭىز بولىدۇ.




ئادەتتە يېزىق تەھرىرلىگەنگە ئوخشاش يېزىق تەھرىرلەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن ۋوردنىڭ ھۆججەت تىزىملىگىدىن ئۆزگەرتىپ ساقلاش, ياكى web بېتىگە ئۆزگەرتىپ ساقلاش تۈرىنى تاللاپ ئۆزگەرتىپ ساقلاش دىئالوگ رامكىسىنى ئېچىپ ساقلاش شەكلىدىن web بېتى نى تاللاپ ئىسىم قويۇپ ساقلىساق بولىدۇ. ئەگەر بۇرۇن كىرگۈزۈپ بولۇنغان يېزىق ھۆججەتلىرى بولسا بىۋاستە تور بەت

شەكىلگە ئۆزگەرتىپ ساقلىساقمۇ بولىدۇ.





## Microsoft front page XP نى ئىشلىتىپ توربەت تەھرىرلەش

Microsoft front page XP دە word قا ئوخشاش ئۇيغۇر يېزىقىنى بىمالال تەھرىرلەش مۇھىتى هازىرلانغان. front page يۇنىكودى خەت نۇسخىسى ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر يېزىقىنى يۇنىكودى خەت نۇسخىسىنىڭ ۋەكالەت نۇمىرىغا ئايلاندۇرۇپ ساقلايدۇ. نەتىجىدە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ توربەت يۈزىدە ئۆز پېتى كۆرۈنۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئەسلى يېزىلغان هالىتى :




HTML پروگراممىسى :




بىرقىسىم ئوبىكتلاردا ئۇيغۇرچە كۆرسىتىش.

تېكىست رامكىسىدا ئۇيغۇرچە كۆرسىتىشنى مىسال قىلايلى. ئالدى بىلەن بىر تېكىست رامكىسى

قۇرايلى.




ئادەتتە بۇ تېكىست رامكىسىدا ئۇيغۇرچە كۆرۈنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تېكىست رامكىسىنىڭ خەت نۇسخىسى خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

تېكىست رامكىسىغا ئوڭ كونۇپكىنى بېسىپ ياكى تېكىست رامكىسىنى بىۋاستە قوش چېكىپ تېكىست رامكىسىنىڭ خاراكتېر كۆزنىكىنى ئاچىمىز.




بۇ كۆزنەكتىن شەكىل كونۇپكىسىنى بېسىپ تۆۋەندىكى كۆزنەكنى ئاچىمىز.




بۇ كۆزنەكتىن فورمات  كونۇپكىسىنى بېسىپ چىققان تىزىملىكتىن خەت نۇسخىسىنى

تاللاپ خەت نۇسخىسى دىئالوگ رامكىسىنى ئاچىمىز.




بۇ كۆزنەكتىن كېرەكلىك خەت نۇسخىسىنى تاللاپ بەرسەك بولىدۇ.

ياكى تېكىست رامكىسىنىڭ ئەسلى پروگراممىسىنىڭ ئىچىگە خەت نۇسخىسىنى ئىزاھلاپ بەرسەك بولىدۇ.

ئەسلى پروگراممىسى

```
<p>
<input type="text" name="T1" size="21">
</p>
```

قوشۇلىدىغان پروگراما

```
style="font-family: ULinux1"
```

قوشۇلغاندىن كېيىن

```
<p>
<input type="text" name="T1" size="21" style="font-family: ULinux1">
</p>
```

بىرىكمە تىزىملىك رامكىسى، كونۇپكا قاتارلىقلارنىڭمۇ خەت نۇسخىسىنى ئۆزگەرتىش جەريانى تېكىست رامكىسى بىلەن ئوخشاش.

## Java script ۋە vb script تا ئۇيغۇرچە كۆرسىتىش


Java script ۋە vb script نىڭ تېكىست بېسىپ چىقىرىش جۈملىسى document.write دىن ئىبارەت. ئادەتتە بۇ خىل جۈملىدە ئۇيغۇرچە يازساق بىۋاستە كۆرۈنمەيدۇ.

```
<script language = vbscript>
document.write "&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605; &#1603;&#1609;&#1581;"
</script>
```

بۇنى ئۇيغۇرچە كۆرسىتىش ئۈچۈن تېكىستنىڭ باش ئاخىرىغا html ئارقىلىق خەت نۇسخىسىنى ئىزاھلايمىز.

```
<script language = vbscript>
document.write "<font face=ulinux1>&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605; &#1603;&#1609;&#1581;</font>"
</script>
```

بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرچە كۆرىنىدۇ.



ئەگەر تېكىست بېسىش جۈملىلىرى بىر قەدەر كۆپ بولسا ھەممە جۈملىدىكى تېكىستنىڭ باش ئاخىرىغا خەت نۇسخىسىنى ئىزاھلاش بىر قەدەر ئاۋارىچىلىق.

```
<script language = vbscript>


document.write "<font face=ulinux1>&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605;;
       &#1603;&#1609;&#1581;</font>"
document.write "&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605;  &#1603;&#1609;&#1581;"
document.write "<br>"
document.write "&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605;  &#1603;&#1609;&#1581;"
document.write "&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605;  &#1603;&#1609;&#1581;"
document.write "&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605;  &#1603;&#1609;&#1581;"


</script>
```

بۇ ۋاقىتتا جۈملىلەرنىڭ باش ئاخىرىغا ئايرىم- ئايرىم ئىككى بېسىش جۈملىسى ئىشلىتىپ خەت نۇسخىسىنى ئىزاھلىساق بۇ خەت نۇسخىسى ئارلىقتىكى بارلىق جۈملىلەردە ئىناۋەتلىك بولىدۇ.

```
<script language = vbscript>
document.write "<font face=ulinux1>"
document.write "<font face=ulinux1>&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605;&#1603
document.write "&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605;  &#1603;&#1609;&#1581;"
document.write "<br>"
document.write "&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605;  &#1603;&#1609;&#1581;  "
document.write "&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605;  &#1603;&#1609;&#1581;  "
document.write "&#1576;&#1593;&#1604;&#1593;&#1605;  &#1603;&#1609;&#1581;  "
document.write "</font>"
</script>
```

ئىجراسى تۆۋەندىكىدەك.



## ASP دا ئۇيغۇرچە كۆرسىتىش

ASP نىڭ بېسىش جۈملىسى response. Write دىن ئىبارەت بۇ جۈملىدە ئۇيغۇرچە كۆرسىتىش vbscript تا ئۇيغۇرچە كۆرسىتىش بىلەن ئوخشاش. ئۇندىن باشقا ASP دا سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن ئوقۇلغان قىممەتنى بىۋاستە ئۆزگەرگۈچى مىقدار شەكلىدە چىقىرىش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۆزگەرگۈچى مىقدارنىڭ باش ئاخىرىغا پىروگرامما تۇقۇنۇشمايدىغان شەكىلدە html تىلىدا خەت نۇسخىسىنى ئىزاھلىساق بولىدۇ.

مەسىلەن ئەسلى پىروگرامما

```
rowspan="3">
nbsp;<%=rs("guestname")%> </table>
%> 
```

نى ئۇيغۇرچە كۆرۈنىدىغان قىلساق مۇنداق بولىدۇ

```
rowspan="3">
nbsp;<font face=ulinux1><%=rs("guestname")%></font> </table>
%> 
```

.

# ئۇيغۇر يېزىقىنى تور بەت يۈزىدە بىۋاستە ئۇيغۇرچە كۆرنىدىغان قىلىش.

تور بەتتىكى ئۇيغۇرچە يېزىقنى كۆز يۈگۈرتكۈچتە كۆرۈش ئۈچۈن كۆرمەكچى بولغان كومپيۇتېردا تور بەتتە ئىشلىتىلگەن خەت نۇسخىسى بولىشى كېرەك. گەرچە هازىر ئىشلىتىلىۋاتقان يۇنىكودى خەت نۇسخىلىرىنىڭ رايۇن ئورۇن كودى ئوخشاش بولسىمۇ بىراق خەت نۇسخىسىنىڭ ئىسمى ھەرخىل بولغاچقا تور بەتنى بىمالال ئۇيغۇرچە كۆرۈش ھەل بولمىدى. ئۇيغۇرچە خەت نۇسخىسىنىڭ يۇنىكودىغا كىرىشى بۇندىن كېيىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشى مۇمكىن. يەنى بارلىق ئىشلەتكۈچىلەر كومپيۇتېرىغا يۇنىكودى خەت نۇسخىسىنىڭ 3.1 دىن يۇقۇرى خەت نۇسخىسىنى قاچىلىسا ( time new roman , arial .tahoma خەت نۇسخىلىرى كۆزدە تۇتىلىدۇ) ھەم تور بەت ياسىغۇچىلار شۇ خەت نۇسخىسىنى ئىشلەتسە بولىدۇ. بۇندىن كېيىن نەشىردىن چىقىدىغان مەشغۇلات سىستېمىلىرى ئۇمۇملاشسىمۇ بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنى بۇندىن كېيىن نەشىردىن چىققان مەشغۇلات سىستېمىلىرى يۇنىكودنىڭ يۇقۇرى نەشرىنى قوللىنىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا تور بەت ياسىغۇچىلار ئورتاق خەت نۇسخىسىنى ئىشلىتىش ۋە خەت نۇسخىسى ئوبىكىت ھۆججىتى ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ.

ئورتاق خەت نۇسخىسى ئىشلىتىشنى توربەت ياسىغۇچىلارنىڭ ۋە ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر يۇمشاق دىتال شىركەتلىرىنىڭ ئويلىنىپ كۆرشىگە بىر پىكىرگە كېلىشىگە تەۋسىيە قىلىمىز.

تۆۋەندە خەت نۇسخىسى ئوبىكىت ھۆججىتىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرىمىز.


# خەت نۇسخىسى ئوبىكت ھۆججىتىنى ئىشلىتىش

خەت نۇسخىسى ئوبىكت ھۆججىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن Microsoft Weft يۇمشاق دېتالىنى ئىشلىتىمىز.


بۇ ئۇسۇلنى پەقەت Internet Explorer كۆز يۈگۈرتكۈچتىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. Internet Explorer تور بەتنى ئاچقان ۋاقىتتا ۋىندوۋستىن خەت نۇسخىسىنى ئىزدەيدۇ. خەت نۇسخىسى تېپىلسا شۇ خەت نۇسخىسىغا ئاساسەن تور بەتنى كۆرسىتىدۇ. تېپىلمىسا خەت نۇسسىسى ئوبىكت ھۆججىتىدىن پايدىلىنىپ تور بەتنى كۆرسىتىدۇ. خەت نۇسخىسى ئوبىكت ھۆججىتىمۇ بولمىسا تور بەتتىكى ئۇيغۇر يېزىقى نورمال كۆرۈنمەيدۇ. ( Win XP دا تور بەتتىكى خەتنىڭ ئورنى ئاپئاق بولۇپ قالىدۇ. باشقا ۋىندوۋستا قالايمىقان ھەرىپ بەلگىلەر كۆرۈنىدۇ).

تۆۋەندە Microsoft Weft نى ئىشلىتىشنى چۈشەندۈرىمىز. Microsoft Weft قوزغالغاندىكى كۆرۈنىشى تۆۋەندىكىدەك.


دىققەت : خەت نۇسخىسى ئوبىكت ھۆججىتى ھاسىل قىلىشتىن ئىلگىرى تور بەتلىرىڭىزنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىپ زاپاس ساقلاپ قويۇڭ.





قۇرال تالچىسىدىن Wizard كونۇپكىسىنى بېسىڭ.





كېيىنكى قەدەم كونۇپكىسىنى بېسىڭ





بۇ كۆزنەككە ئىسمىڭىز ۋە تورمەكتۇپ ئادرېسىڭىزنى يېزىڭ. ئاندىن كېيىنكى قەدەم كونۇپكىسىنى بېسىڭ.





بۇ كۆزنەككە توربەتلىرىڭىزنى كىرگۈزۈڭ . باش بەتنى كىرگۈزسىڭىز تۇتاشمىلارغا ئاساسەن باشقا بەتلەرنى ئۆزى كىرگۈزىدۇ ئاندىن كېيىنكى قەدەم كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ.




كېيىنكى قەدەم كونۇپكىسىنى باسسىڭىز توربەتنى ئانالىز قىلىشقا باشلايدۇ ئانالىز قىلىپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى كۆزنەك ئېچىلىدۇ





يەنە كېيىنكى قەدەم كونۇپكىسىنى بېسىڭ.




بۇ كۆزنەكتىكى يۇقۇردىكى رامكىغا خەت نۇسخىسى ئوبيېكت ھۆججىتىنى قۇرىدىغان ئادرىسنى، ئاستىدىكى رامكىغا خەت نۇسخىسى ئوبيېكت ھۆججىتىنى ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئادرىسنى يازىسىز. ئاندىن كېيىن كېيىنكى قەدەم كونۇپكىسىنى بېسىڭ.تور بەتكە مۇناسىۋەتلىك پروگراممىنى قوشۇپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى كۆزنەكنى چىقىرىپ بېرىدۇ.




كېيىنكى قەدەم نى بېسىپ ئاخىرلاشتۇرىمىز.




2003-يىلى 21-ئىيۇن شەنبە ئۇرۇمچى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتى چوڭلار مائارىپى 2002-2 سىنىپ)